# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 4 - ئاي
23
پەيشەنبە
维吾尔文 4 月23日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65-0002/-W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25040 - سان بۈگۈن 4 بەت


## ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولايلى

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

ئىسلاھات توختاپ قالمايدۇ، ئېچىۋېتىش قەدىمى توختاپ قالمايدۇ. ۋەزىيەت قانچە مۇرەككەپ بولغانسېرى شۇنچە تېخىمۇ قەتئىي ئىشەنچ، تېخىمۇ كۈچلۈك تەدبىرلەر ئارقىلىق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك.

4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكىتلەپ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئىسلاھاتقا تۈرتكە بولۇپ، ئىسلاھات چارىسى ئارقىلىق تەرەققىيات داۋامىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ماھىر بولۇپ، مۇھىم ئامىللارنى بازارلاشتۇرۇپ تەقسىملەش تۈزۈلمە مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سىرتقا ئېچىۋېتىشنى قەتئىي كېڭەيتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى ئېنىق كۆرسەتتى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە
—— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

چىن چۈەنگو قەشقەر ۋىلايىتىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# تۆۋەن چەك تەپەككۇرىدا چىڭ تۇرۇپ، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ياۋ تۇڭ** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو قەشقەر ۋىلايىتىدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى چىڭ كۆزلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقى چوڭ ۋەزىيىتىنى قوغداپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش كېرەك.



يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو قەشقەر ۋىلايىتىگە بېرىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. سۈرەتتە: قەشقەر شەھىرى سەمەن يېزىسىنىڭ تىكەنبېشى كەنتىدە، چېن چۈەنگو ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە سىدىق ھېيتنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، كېسەل كۆرسىتىش، ئوقۇش، تۇرالغۇ بىخەتەرلىكى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى.
□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى

چېن چۈەنگو يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈشتىكى دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق باشلامچى كارخانىسىغا كېلىپ، كارخانا مەسئۇللىرى، ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى بىلەن سەممىمىي پاراڭلىشىپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇش، مائاش كىرىمى قاتارلىق ئەھۋاللارنى چوڭقۇر ئىگىلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، خاس، ئەۋزەل كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈپ، «باشلامچى كارخانا + بازا + دېھقانلار» ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىسىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، ھەقىقىي تۈردە تەرەققىياتنى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، يەرلىكتە نەپ يەتكۈزۈش، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايون «خىزمەت مۇھىم نۇقتىسى»نى بېسىپ تارقىتىپ

## بۇ يىللىق يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز شى شىنىنىڭ شىنجاڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشنى ئالغا سىلجىتىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىدىن ئىگىلىشىچە، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يېقىندا «2020 - يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى»نى بېسىپ تارقىتىپ، پۈتۈن يىللىق خىزمەتلەرنى ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرما قىلغان.

«خىزمەت مۇھىم نۇقتىسى»دا مۇنداق كۆرسىتىلدى: «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشى ئىشلەپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## شىنجاڭ تىرىشىپ بەش يىلدا زامانىۋىلاشقان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى (ئۈرۈمچى) يىغىلىش مەركىزىنى قۇرۇپ چىقىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز شى شىنىنىڭ شىنجاڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشنى ئالغا سىلجىتىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىدىن ئىگىلىشىچە، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئۈرۈمچى يىغىلىش مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، ئۈرۈمچىنىڭ قاتناش تۈگۈنلۈك ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، شىنجاڭ يېقىندا «جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى (ئۈرۈمچى) يىغىلىش مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇش لايىھەسى (2020 - يىلدىن 2024 - يىلغىچە)»نى رەسمىي ئېلان قىلغان.

«لايىھە»دە بەش يىل تىرىشىش ئارقىلىق، زامانىۋىلاشقان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى (ئۈرۈمچى) يىغىلىش مەركىزىنى تىرىشىپ قۇرۇپ چىقىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى سودا ئەشيا ئوبوروت مەركىزى ۋە قاتناش تۈگۈنى مەركىزى بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسلىق تىرەكلىك ئايلاندۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتايلى

## شىنجاڭنىڭ 1 - پەسىللىك خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئايلىنىش نەتىجە قەغىزى چىقتى

GDP ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 0.2% تۆۋەنلىدى، ئېشىش سۈرئىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىدىن 6.6 پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى بولدى

نويۇزلۇق ئېلان قىلىش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **شى شىن** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق ئىستاتىستىكا ئىدارىسى 1 - پەسىللىك شىنجاڭنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالىنى ئېلان قىلدى. 1 - پەسىلدە شىنجاڭنىڭ رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 305 مىليارد 551 مىليون يۈەن بولۇپ، ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 0.2% تۆۋەنلىدى، ئېشىش سۈرئىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىدىن 6.6 پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىستاتىستىكا ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى شۇ بىن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: 1 - پەسىلدە ئاپتونوم رايونىمىزدا GDPنىڭ ئېشىش سۈرئىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىدىن يۇقىرى بولدى،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## 1 - پەسىلدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جابدۇق ياسىمىچىلىق سانائىتى قوشۇلما قىممىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى 15.9%كە يەتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ما يىنىڭ**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جابدۇق ياسىمىچىلىقىدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەر قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈش ئاساسىدا، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىلغان. 1 - پەسىلدە پۈتۈن سانائەتنىڭ سانائەت قوشۇلما قىممىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى 15.9%كە يېتىپ، 1 -، 2 - ئايدىكى ئېشىش سۈرئىتىدىن 31.3 پىرسەنت پوئىنت ئۆسكەن، 3 - ئايدا شۇ ئايدىكى قوشۇلما قىممىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى 77.4%كە يەتكەن.

1 - پەسىلدە ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى نۇقتىلىق ئالاقىلەشكەن 30 كارخانىنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە ئېشىشنى ساقلاپ قالغانلىرىدىن بەشى بار.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)



4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، خىزمەتچىلەر شىخو يېڭگوۋ ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار ئىگىلىك تىكلەش باغچىسىغا جايلاشقان شىنجاڭ شىجى لۈيۈەن يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ فۇجۇ ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا ئىشلىمەكتە. شىخو شەھىرى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش تەرتىپىنى ئەلالاشتۇرۇپ، شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان 369 كارخانىنى ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىش بويىچە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن بەھرىلەندۈردى. ھازىرغىچە، شىخو 2 مىليون 200 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش ياردەم تولۇقلىمىسى تارقىتىپ، 4000غا يېقىن ئىشچى - خىزمەتچىگە نەپ يەتكۈزدى.
□ گاۋ بو فوتوسى

## ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 86 - قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 86 - قېتىملىق دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا «ئىككى تور»نى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، باغ - ئورمانچىلىقنىڭ ئەمەلىي قىممىتى ۋە ئوبوروت ساھەسىنىڭ ساغلام يۈرۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش، ئاساسىي قاتلام ھۆكۈمەت ئىشىنى ئاشكارىلاشنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش قاتارلىق خىزمەتلەر تەتقىق قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: شىنجاڭ ئىچى - سىرتىدىكى باغ - ئورمان مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش، سېتىش «ئىككى تور» قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ باغ - ئورمانچىلىقىدا يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، يېزا ئىگىلىكىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش، يېزىلارنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولۇپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## «يۈز كۈن، ئون مىڭ دۇكان ئىستېمال پەسلى» خەلققە نەپ يەتكۈزۈش پائالىيىتى قوزغىتىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **خېي خۇڭۋېي** خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، ئاپتونوم رايون «يۈز كۈن، ئون مىڭ دۇكان ئىستېمال پەسلى» خەلققە نەپ يەتكۈزۈش پائالىيىتىنى رەسمىي قوزغاتتى.

پائالىيەت مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى جۇڭگو بانكا بىرلەشمىسى شىنجاڭ شۆبە شىركىتى بىلەن بىرلىشىپ تۈنجى تۈركۈمدە 20 مىليون يۈەنلىك خەلققە نەپ يەتكۈزۈش ئىستېمال بېلىتى تارقاتتى. 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە، جۇڭگو بانكا بىرلەشمىسى شىنجاڭ شۆبە شىركىتى يۈنشەنفۇ APPسى ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش ئىستېمال بېلىتى تارقىتىدۇ، ھەر ھەپتىنىڭ چارشەنبە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 دە 10 يۈەنلىك، 20 يۈەنلىك، 50 يۈەنلىك، 100 يۈەنلىك تۆت خىل قىممەتتىكى ئىستېمال بېلىتى تارقىتىلىدۇ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى نۇقتىلىق زەنجىرسىمان سودا سارايلىرى، تاللا بازىرى، قولايلىق دۇكان، تۈرلۈك ماللار، ساياھەت ھەم ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرى، ئۆي جاھازلىرى قاتارلىق 20 مىڭغا يېقىن دۇكاننى قاپلايدۇ.

پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئامما پەقەت يۈنشەنفۇ APPسى ئارقىلىق مۇناسىپ ئىستېمال بېلىتىنى ئېلىپ، پائالىيەتكە قاتناشقان دۇكانلاردا يۈنشەنفۇ APPسىنى ئىشلىتىپ كود سكانېرلاپ چىقىم قىلسا،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)


新疆日报 | 石榴云
新疆报业传媒集团


## نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش «ئەزالار تاپشۇرۇقى»نى ياخشى ئىشلەش

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى ياڭ**

2020 - يىلى ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىدىغان يىل. ئەگەر «ئەزالار تاپشۇرۇقى»نى ياخشى ئىشلەش سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ بۇرچى دېيىلسە، ئۇنداقتا «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش» چوقۇم ئەزالار تولۇق قەلەم تەۋرىتىدىغان، پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلىپ يازىدىغان ئەڭ مۇھىم سەھىپە ھېسابلىنىدۇ.

بۇ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش دىققەتنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش تەشكىلاتلىرى، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ يېتەكلەپ، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش ئۈستىدە ئىنچىكە ئىزدىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تۆھپە قوشتى. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئاساسىي جەڭ مەيدانىدا، ھەممە يەردە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ سىماسىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

**مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئېلىش چىن قەلب، چىن ھېسسىيات بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش**

چىرا ناھىيەسىدە 12 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ ئومۇمىيۈزلۈك بەرپا قىلىنغان 3000 مو چىلانلىق باغدا،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)